# ئىران ئۇرۇشىنىڭ يەنە بىر فرونتى
# قۇرۇقلۇق جېڭى

مەۋلان تەڭرىقۇت

(2026-3-1)




بۇ يازمىدا ئىراننىڭ قۇرۇقلۇق جېڭىدىكى يوشۇرۇن كۈچى ئانالىز قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىراندا خەلقنىڭ ئىسلام ھاكىمىيىتىگە بولغان كۆز قارىشى، ئىران ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئېھتىماللىقى بولغان قوراللىق كۈچلەر شۇنداقلا بۇنىڭغا قارشى سۇرىيە يېڭى ھۆكۈمىتى ۋە كۇردلەرنىڭ ئۇرۇشقا كىرىش ئېھتىماللىقى شۇنداقلا ئۇرۇشنىڭ جەريانى ھەققىدە بىر قانچە ئوخشىمايدىغان سىنارىيەلەر تەھلىل قىلىنىدۇ.

بەزى ئانالىزچىلار ئىران ھەققىدە ترامپ ۋېنېسۇئېلادىكىگە ئوخشاش بىر نەتىجىنى، يەنى باش رەھبەرنى يوق قىلىپ، ئىران رەھبەرلىكى ئىچىدىن ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىشقا مايىلراق بولغان بىر كىشىنى دۆلەتكە باش قىلىپ تەيىنلەش ئارقىلىق ئۇرۇشنى تېز ئاخىرلاشتۇرىدۇ، دەپ قارىماقتا. ئامېرىكىغا مايىل بۇ نامزات ھازىرچە پەھلەۋى خاندانلىقىنىڭ سۈرگۈندىكى شاھزادىسى (ۋەلىئەھدى) رىزا پەھلەۋى بولۇپ كۆرۈنمەكتە. ھەققەتەن چەت ئەلدە ۋە ئىراننىڭ ئىچىدە بۇ شەخسنى قوللاۋاتقان كىشىلەر بار. ئەمما ئىراندىكى ئەزەربەيجانىيلار ۋە كۇردلار بۇنى بەك خالاپ كەتمەيدۇ. چۈنكى شاھ دەۋرىدە بۇ ئىككى گۇرۇپپا چەتكە قېقىلغان. شۇنداقتىمۇ رىزا پەھلەۋىنى ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ ئىرانغا يېڭى لىدېر قىلىپ ئېلىپ كېلىش ئېھتىماللىقى بار.

ئەمما بۇنىڭدىن بۇرۇن ئويلىشىدىغان مەسىلە، بۇ ئۇرۇشنىڭ قانداق ۋە قانچىلىك داۋاملىشىدىغانلىقىدۇر. ھازىر ئىران ھەممە تەرەپكە قالايمىقان ھۇجۇم قىلغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇلتۇرقى ئۇرۇشتىكىدەك ھەيۋىسىنى كۆرسىتەلمەيۋاتىدۇ. سەۋەبى، ئالدىدىكى يازمىدا تىلغا ئېلىنغاندەك ھەم ئاجىزلاپ كەتتى، ھەم نىشانىنىڭ سانىنى ئىران ئۆزى كۆپەيتىۋالدى.

ئىران درونلىرى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى ئۆزلىرىنىڭ نىشان دائىرىسىنى ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىدىكى ئامېرىكا بازىلىرىغا ئوخشاش ھەربىي نىشانلاردىن كېڭەيتتى. ھەتتا سىپرۇستىكى ئەنگلىيە ھەربىي بازىسىمۇ ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. ئىراننىڭ ئەسلىدىنلا ئەرەب دۆلەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىشى ئاقىلانىلىك ئەمەس ئىدى، دەل ئەكسىچە بۇ دەل ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ كۈتكىنى ئىدى. چۈنكى بۇنداق بولغاندا بۇ ئۇرۇش ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيە يېتەكچىلىكىدە پۈتۈن ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىنىڭ ئىرانغا قارشى ئۇرۇشىغا ئايلىنىدۇ ۋە مەلۇم نۇقتىدىن ئاللىبۇرۇن شۇنداق ئۇرۇشقا ئايلىنىپ بولدى.

ھازىر ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ھەشەمەتلىك مېھمانسارايلار، سودا سارايلار، ئېگىز بىنالىق ئولتۇراق رايونلار ۋە ئەڭ زامانىۋى ئايرودروم تېرمىناللىرى ئارقا-ئارقىدىن زەربىگە ئۇچرىماقتا. بۇ ئورۇنلار ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ياكى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ ھۇجۇمغا ئۇچراش ئېھتىماللىقىنى ئويلىشىپ قۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن مۇداپىئەسىز قالماقتا. تۈنۈگۈنكى ھۇجۇملاردىن كېيىن بۇ دۆلەتلەر ئىراننى ئەيىبلىدى ۋە ئايرودروم ۋە مېھمانخانىلارغا قىلىنىدىغان ھۇجۇملار بىلەن ئىران قىزىل سىزىقتىن ئۆتۈپ كەتتى.

قولتۇق رايونىدىكى پۇقراۋى ئۇل ئەسلىھەلەرنىڭ زەربىگە ئۇچرىشى يەر شارى خاراكتېرلىك تەمىنات زەنجىرىنى پالەچ قىلىپ، سۇغۇرتا تەننەرخىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۆرلىتىۋەتتى. سەئۇدىي ئەرەبىستان ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئامېرىكىدىن جىددىي تۈردە تېخىمۇ كۆپ «پاترىئوت» (Patriot) ۋە «THAAD» سىستېمىلىرىنى تەلەپ قىلماقتا. ئىراننىڭ ھۇجۇملىرى باشتا بۇ ئۇرۇشقا قارشى چىققان ئەرەب دۆلەتلىرىنى ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيە تەرەپكە ئىتتىرىۋاتىدۇ. ئەگەر ھۇجۇمنىڭ شىددىتى يەنە ئازراقلا ئاشسا بۇ دۆلەتلەر ئۇرۇشقا بىۋاستە قاتنىشىشىنى، بۇنىڭ بىلەن دەل ئۇمىد قىلغاندەك ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەگە تېخىمۇ بېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىران ھاۋا ۋە دېڭىزدا كۆپ ئىش قىلالمايدۇ. چۈنكى ئىراننىڭ ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى ۋە جەڭ پاراخوتلىرى بەك كونا ۋە قالاق بولۇپ ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيە بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ھاۋا ئارمىيەسى ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، ئاساسلىقى شاھ دەۋرىدە، يەنى يېرىم ئەسىر ئىلگىرى سېتىۋېلىنغان كونا ئامېرىكا ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىدىن تەشكىل تاپقان. ھەقىقىي تەھدىت پەيدا قىلالايدىغىنى بولسا باللىستىك ۋە چارلىغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرى شۇنداقلا ئۆزىنى مۇساپىلىك ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان (درون) قوشۇنىدۇر. ئۆتكەن يىلى ئىيۇندىكى 12 كۈنلۈك ئۇرۇش جەريانىدا، ئىسرائىلىيە ھاۋا ئارمىيەسى ئىران ھاۋا بوشلۇقىدا پۈتۈنلەي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، توسالغۇسىز ھالدا يۈزلەرچە زەربە بەرگەن بولسىمۇ، ئىران يەنىلا ئىسرائىلىيەگە قاراپ باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئېتىشقا ۋە درونلىرىنى ئەۋەتىشكە مۇۋەپپەق بولغان ئىدى.

ئىراننىڭ دېڭىز ئارمىيەسىمۇ ئۇ قەدەر كۈچلۈك ئەمەس بولۇپ ئامېرىكىنىڭ ئاۋئاماتكىلىرىغا پەقەت چەكلىكلا زەربە بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئەمما بەزى خەۋەرلەرگە قارىغاندا ختايدىن «ئاۋئاماتكا قاتىلى» دەپ ئاتىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى كىرگۈزگەن بولۇپ بۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىتەلىسە ئامېرىكىغا زەربە بېرەلىشى مۇمكىن. ئىران ختايدىن يەنە كۆرۈنمەس ئايروپىلانلارنى كۆرگىلى بولىدىغان قىلالايدىغان يېڭى رادار سىستېمىسىمۇ سېتىۋالغان بولۇپ بۇمۇ ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان خەتەرلىك قورallلارنىڭ بىرىدۇر.

## ئىراننىڭ ئەۋزەل تەرىپى

ئەمما ئىراننىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەرىپى قوراللىق ئارمىيەسىدۇر ۋە ئىراننى قوراللىق ئۇرۇشىدا ھەرگىز بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئىران دۆلەت ئارمىيەسى ۋە ئىسلام ئىنقىلابى مۇھاپىزەتچىلەر قىسمى (IRGC) ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلسا دۆلەت ئىچىدە ۋە سىرتىدا زور بىر تۈركۈم ئەسكەرىي كۈچنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيدۇ. بۇلارنى چوڭ جەھەتتىن ئىسلام ئىنقىلابى مۇھاپىزەتچىلەر قىسمى، دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ بىر قىسمى، ئىراندىكى 15 مىليونغا يېقىن موللا ھاكىمىيىتىگە ئەڭ سادىق كىشىلەر، ھىزبۇللاھ، خاماس ۋە ھۇسىيلار دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئىران ئىسلام ئىنقىلابى مۇھاپىزەتچىلەر قىسمى يەنە شىئە ئىدېئولوگىيەسىنىڭ قوغدىغۇچىسى سالاھىيىتى بىلەن ئىراقتىكى شىئەلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئەگەر ۋەزىيەت بۇ شەكىلدە داۋام قىلسا (بۇ ئېھتىماللىق يۇقىرى) ئىراندا ئىچكى ئۇرۇش چىقىش بىلەن بىرگە ئوتتۇرا شەرق رايونىدا يەنە بىر ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇش چىقىدۇ. ترامپنىڭ ۋە نېتانياھۇنىڭ ئىران خەلقىگە ئىشىنىڭ داۋامىنى سىلەر قىلىڭلار، شەكىلدە خىتاب قىلىشى ۋە ترامپنىڭ نۇتقىدىكى «بۇ ئۇرۇش بۇرۇنقى ھېچقانداق ئۇرۇشلارغا ئوخشىمايدىغان ئۇرۇش... ئامېرىكا ئەسكەرلىرىمۇ ھاياتىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن...» دېگەنگە ئوخشاش جۈمىلىلەر ئامېرىكىنىڭ ئاللىبۇرۇن بۇ ئۇرۇشنى ئۇزۇنغا سوزۇشقا تەييارلىق قىلىپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ ئىراننىڭ قوراللىقتىكى كۈچىنى دىققەتكە ئالغانلىقىنى كۆرستىدۇ.

ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى ئۆز نۆۋىتىدە ئىراندا ئىچكى ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى ئىران ئىسلام ھاكىمىيىتى دۆلەت ئىچىدە ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، ھەممە كىشى بۇ ھاكىمىيەتنى قوللىمايدۇ. موللا رېجىمى 1979-يىلى ھاكىمىيەتكە كەلگەندە كۆپ قوللاشقا ئېرىشكەن بولسىمۇ ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۇستەبىتلىك، دىنىي بېسىم، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي پەتىۋالارنى مەنپەئەتكە قارىتا ئىشلىتىشى شۇنداقلا «ئەخلاق ساقچىسى» دەيدىغان بىر قىسمىنىڭ پەيدا بولۇپ كىشىلەرنىڭ شەخسىي تۇرمۇشلىرىغا قەدەر ئارىلىشىشى خەلق ئارىسىدا نارازىلىقلارغا سەۋەب بولماقتا. ئىراندا توختىماي چىقىپ تۇرىدىغان نامايىشلار بۇنىڭ بىر ئىسپاتىدۇر. مۇھىمى، ھاكىمىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيەلىرىنى زورلاپ تېڭىشى ئىران خەلقى ئارىسىدا بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئىراندا زور كۆپچىلىك دىنىي ۋە ھەربىي باشقۇرۇشقا قارشى بولۇپ، دېموكراتىك بىر ھۆكۈمەت تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن GAMAAN (ئىراندىكى پىكىر قاراشلارنى ئانالىز قىلىش ۋە ئۆلچەش گۇرۇپپىسى) تەرىپىدىن 2025-يىلى ئاۋغۇستتا ئېلان قىلىنغان تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆرستىلىشىچە، ئىرانلىقلارنىڭ زور كۆپچىلىكى (تەخمىنەن 70%) ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ داۋاملىششىغا قارشى.



66% ئىرانلىق دىنىي قانۇنلارغا ئاساسلانغان باشقۇرۇشقا، 71% كىشى بولسا ھەربىي تۈزۈمگە قارشى. ئەكسىچە 89% ئىرانلىق دېموكراتىيەنى قوللايدۇ.




«ئىسلام ئىنقىلاب پرىنسىپلىرى ۋە ئالىي دىنىي رەھبەر»نى قوللاش نىسبىتى ئاران 11% بولۇپ (بۇ نىسبەت 2022-يىلىدىكى 18% ئىدى) نۆۋەتتىكى ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى بولسا 20% كىشى قوللايدۇ.



خەلقنىڭ ھاكىمىيەت ئىچىدىكى شەخسلەرنى قوللىشىمۇ ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ 9% كىشى ئەلى خامېنىينى، ئوخشاشلا 9% كىشى مەھمۇد ئەھمەدىنىجادنى، 6% كىشى بولسا مۇھەممەد جەۋاد زارىفنى قوللايدۇ.




ئەكسىچە، ئۆكتىچىلەرنى قوللاش خېلىلا يۇقىرى بولۇپ رىزا پەھلەۋىنى 31%، تۇمەج سالېھىنى 6%، نەرگەس مۇھەممەدىنى بولسا 5% ئىرانلىق قوللايدىغانلىقى مەلۇم. فېدېراتسىيە سىستېمىسىنى قوللايدىغانلار 15% بولۇپ كوردىستان، غەربىي ئەزەربەيجان ۋە سىستان-بەلۇجىستان قاتارلىق رايونلاردا بۇ تەلەپ يۇقىرى.

Table 1: Selection Rates of Political and Civil Figures as First or Second Choice

| Name | Selected as First Choice (%) – Dec 2022 | Selected as First or Second Choice (%) – Jun 2024 | Change (%) |
|---|---|---|---|
| Reza Pahlavi | 32.8 | 31.4 | -1.4 |
| None of them | 8.4 | 14.9 | +6.5 |
| Ali Khamenei | – | 9.1 | – |
| Mahmoud Ahmadinejad | – | 8.9 | – |
| Toomaj Salehi | 0.5 | 6.2 | +5.7 |
| Mohammad Javad Zarif | – | 6.2 | – |
| Other individuals | 4.0 | 5.9 | +1.9 |
| Ali Karimi | 5.3 | 5.7 | +0.4 |

بۇ سان-سىپىرلار ئىران خەلقىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ھازىرقى دىنىي ھاكىمىيەتكە قارشى ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقنىڭ بىر قانچە چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن ھالەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۆلارنى چوڭ جەھەتتىن بەلكىم ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قوللىغۇچىلار، پارس مىللەتچىلىرى، كۇردلەر، ئەزەربەيجانىيلار، بەلۇجلار دەپ ئايرىش مۇمكىن. بۇ نۇقتىدا بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ھايات-ماماتلىق بىر پەيتتە ئىسلام ئىنقىلابى مۇھاپىزەتچىلەر قىسمى يۇقىرى دەرىجىدە دىكتاتۇر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنىڭ ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى. بۇ قىسىم موللا رېجىمىنىڭ ئەڭ چوڭ ھەربىي تۈۋرۈكى بولۇپ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن پۈتۈنلەي ھاكىمىيەتكە بەيئەت قىلىدىغانلىقى مەلۇم، شۇنداقلا ئىراننىڭ ئىقتىسادىمۇ بۇلارنىڭ كونتروللۇقىدا. يەنە بىر تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان نۇقتا، ئىران ئىسلام ھاكىمىيىتى بىر سۇلالە ياكى شەخسىي ھاكىمىيەت ئەمەس. ئىران ھەققىدىكى ئىلگىرىكى يازمىلاردا تىلغا ئېلىنغاندەك، ئىران مولللىرىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى رەھبەر ئۆلسىمۇ ئۆزى داۋاملىشىدىغان بىر دىنىي

ھاكىمىيەت سىستېمىسى قۇرۇپ چىققانلىقىدۇر. شۇڭا ئەلى خامېنىينىڭ ئۆلۈمى گەرچە ھاكىمىيەتكە قاخشاتقۇچ زەربە بەرسىمۇ، بۇ ھاكىمىيەتنىڭ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. ئىراندا كېيىنكى رەھبەرنى سايلايدىغان ساغلام سىستېما بار ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يەنە بىر دىنىي ئالىي لىدېرنى سايلاپ چىقىدۇ.

ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيە ئۇرۇشنى كۆپ تالاپەت تارتماي تېز ئاخىرلاشتۇرماقچى بولسا ھاكىمىيەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئىسلام ئىنقىلابى مۇھاپىزەتچىلەر قىسمىنى نىشانلىشى كېرەك ۋە ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. ئىسلام مۇھاپىزەتچىلەر قىسمى بولسا ئىچكى قىسمىدىن پارچىلىنىش چىقماسلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ كونترولنى چىڭىتىشى مۇمكىن. ئىراننىڭ ھازىرقى ئىچكى ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئانالىزلىرىغا قارىغاندا، ئىراندىكى بۇ قىسىم خەلققە ئىنتايىن ئېغىر تەھدىت سالماقتا. بولۇپمۇ بۇلتۇر ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن كېيىن، كىم ۋە قايسى دەرىجىدىكى كىشى بولسۇن، ئاددىي بىر كىشىدىن ھەر قانداق يۇقىرى ئەمەلدارغىچە، ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە قارشى چىقىدىكەن، قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم تېپىپ قىساس ئالىدىغانلىقىنى ئوچۇق-ئاشكارا جاكارلاش ئارقىلىق خەلقنى ئىنتايىن قورقۇيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. نەتىجىدە خەلق قارشى چىقىشنى ئويلىسىمۇ بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئەھۋالدا ئىكەنلىكى مەلۇم. نامايىش جەريانىدا ئەڭ ئاز 7 مىڭ، كۆپ بولغاندا 30 مىڭ كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى خەۋەر قىلىنماقتا ۋە بۇ قىرغىنچىلىق ئىسلام ئىنقىلابى مۇھاپىزەتچىلەر قىسمىنىڭ ھاكىمىيەتنى قوغداش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ھەر قانداق زالىملىقنى قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قېتىم خامېنىي ئۆلگەندىن كېيىن ئىران ھاكىمىيىتى «قىساس»نىڭ سىمۋولى بولغان قىزىل بايراقنى تىكلىگەن بولۇپ، بۇ بۇلارنىڭ خەلقنى تېخىمۇ زور بېسىم ئاستىغا ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئىران خەلقى ھاكىمىيەت رەسمىي ئالماشقانغا قەدەر رىيازەت چېكىشنى داۋام قىلىدۇ. ئىران يەنە لىۋاندىكى ھىزبۇللاھ ۋە يەمەندىكى ھۇسىيلارغا ئوخشاش ۋاكالەتچى كۈچلىرىنى ئۆزى تەمىنلىگەن باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرەلەيدۇ. شۇنداقلا باشقا ۋاكالەتچى گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ چىقىش ئىقتىدارىمۇ بار.

## ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ قۇرۇقلۇق كۈچى

ئىراننىڭ ئىشەنچى ۋە ئۈمىدى ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ ئىرانغا قۇرۇقلۇق ھۇجۇمى ئېلىپ بېرىشتا قىينىلىدىغانلىقىدۇر. ھاۋا ھۇجۇمى ھەر قانچە دەھشەتلىك ۋە ئۈنۈملۈك بولسىمۇ ھاكىمىيەتنى يىقىتىشقا يەتمەيدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ قولىدا چەكلىك تاللاش بار. بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىغا كىرىشىنىڭ ئېھتىماللىقى ناھايىتى كىچىك. يەنە كېلىپ دەرھال ئىران ئىچىدىن ئۆكتىچى قوراللىق كۈچلەرنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاشقاندا ئەڭ چوڭ قۇرۇقلۇق كۈچى يەنە سۈرىيەدىكى كۇردلەر بولۇشى مۇمكىن. ئەمما نەچچە ئاينىڭ ئالدىدىكى ئۆلارغا قىلىنغان «ئاسىيلىق» كۇردلەرنى يەنە بىر قېتىم ئامېرىكا ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشتا ئىككىلەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ شارا ھۆكۈمىتى بىلەن كۇردلەر ئوتتۇرىسىدىكى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ كېتىۋاتقان بىر سۈرىيە رامكىسى ئىچىدە «بىرلىشىش»نىڭ دەل ئىران بىلەن زىددىيەتنىڭ ئۈچى كۆرۈنگەن چاغدا توختاپ قېلىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. ئىراندىكى ئۇرۇشقا كىرىش بۇ مۇزاكىرىنى توختىتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئىراندىمۇ ھاكىمىيەتكە قارشى كۇردلەر بار ۋە كۇردلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇش ئارزۇسى ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىشقا مەجبۇرلىشى مۇمكىن.

يەنە بىر تەرەپتىن سۈرىيە ھۆكۈمىتىمۇ بۇ ئۇرۇشقا داخىل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئىران شارا ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە ئىتتىپاقداشلىرى بولغان قاتار، سەئۇدىي ئەرەبىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرگە قارا-قويۇق ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. بۇ ھۇجۇملار بۇ دۆلەتلەرنىڭ سۈرىيە ھۆكۈمىتىگە ئىقتىسادىي، دىپلوماتىيە ۋە قورال-ياراق ياردىمى بېرىش ئارقىلىق ئىرانغا قارشى ئۇرۇشقا ئەكىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بىر جەھەتتىن بۇنىڭغا سۈرىيە ھۆكۈمىتىمۇ مەجبۇر بولىدىغان نۇقتىغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ مۇنداق سەۋەبلىرى بار؛

1. ئىران قوراللىق ئۇرۇشىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ھىزبۇللاھ بىلەن بىۋاستە ئالاقىنى كۈچەيتىشى كېرەك. جۇغراپىيە جەھەتتىن ئىران ۋە ھىزبۇللاھنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تۇرغان رايون دەل سۈرىيەدۇر. شۇڭا ئىران سۈرىيەگە ئىراق ۋە لىۋان ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن.
2. ئىراقتىكى شىئە كۈچلەرنى سۈرىيەگە ھۇجۇم قىلدۇرۇشى مۇمكىن.
3. سۈرىيە ئىچىدىكى شىئەلەر ياكى يېڭى ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەرنى كۈشكۈرتۈشى مۇمكىن.
4. سۈرىيەنىڭ ئىسرائىلىيەگە ئۆلىشىدىغان ئەڭ يېقىن يول بولۇش ئالاھىدىلىكىمۇ سۈرىيەنى ئىراننىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن.

ئىراننىڭ سۈرىيە ئىچكى ئۇرۇشى دەۋرىدىكى تاشقى بىخەتەرلىك زەنجىرى ئىستراتېگىيەسىدە سۈرىيەنى ئالتۇن ھالقا دەپ تونۇغانلىقىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا ئىران قوراللىقتا ئۇرۇش قىلىشنى مۇھىم ئىستراتېگىيە دەپ تاللايدىكەن، سۈرىيەنىڭ ئۇرۇشنىڭ سىرتىدا قالالىشى قىيىن. يەنە كېلىپ ئىران سۈرىيەنى يېڭى ۋە مەزمۇت ئەمەس دەپ قاراپ بالدۇر چېقىلىشىمۇ مۇمكىن.

سۈرىيە ھۆكۈمىتى بۇ تەھدىت ۋە ۋەزىيەتلەرنى دىققەتكە ئېلىپ ئۇرۇشنىڭ بىر پارچىسى بولۇشنى خالاپ تاللىشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭغا يەنە سەئۇدى، قاتار ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى بىر تۈركۈم قوراللىق گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ چىقىشى ۋە بۇلار بىلەن كوئوردىناتلىق شەكىلدە ئۇرۇش قىلىشى مۇمكىن.

يەنە بىر تەرەپتىن ئۇرۇش بىر ئاز داۋاملاشقاندىن كېيىن ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيە ئىراننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھاكىمىيەتكە قارشى كۈچلەرنى ھەرىكەتكە ئۆتكۈزەلىشى مۇمكىن. بۇ ھاكىمىيەتكە ئەڭ كۈچلۈك زەربە بولىدۇ، ئەمما قانلىق بىر توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغىنى ئېنىق.

## باشقا سىنارىيەلەر

بۇلار ناۋادا ئىران ئىسلام ئىنقىلابى مۇھاپىزەتچىلەر قىسمى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىرادە قىلسا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان سىنارىيەدۇر. بۇ ئەھۋالدا ختاي، رۇسىيە، چاۋشيەن قاتارلىق دۆلەتلەر ئىران ۋە ئۇنىڭ ۋەكىل كۈچلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ قوللىغۇچىلىرى بولۇشى ۋە كېرەكلىك پۈتۈن ياردەملەرنى قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئامېرىكىنى ئوتتۇرا شەرقتە قانچە خوراتسا ختاينىڭ تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىشى ۋە ئېلىشىنىڭ ئېھتىماللىقى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى كۈچىدە ختايغا سېلىشتۇرغاندا نىسپىي تۆۋەنلەش كۆرۈلىدۇ. يەنە كېلىپ ئىراننى

ساقلاپ قېلىش خىتاينىڭ ھەم گېئوپولىتىكىلىق، يەر شارىۋى بىخەتەرلىك ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ئىران ئامېرىكىنى ئوتتۇرا شەرقتە مەشغۇل قىلىپ تۇتۇپ تۇرىدىغان بىر دۆلەت، شۇنداقلا خىتاينىڭ ئامېرىكىغا قارشى تەبىئىي ئىتتىپاقدىشى. بۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي ئىراندىن غايەت زور ھەجىمدىكى نېفىتنى (ئىران نېفىتىنىڭ 90% نى) باشقا دۆلەتلەردىن ئالغانغا قارىغاندا ئىنتايىن ئەرزان باھادا سېتىۋالىدۇ. ئىران يوق قىلىنسا بۇ مەنپەئەتلەرنىڭ ھەممىسى يوق بولىدۇ.

ئەڭ ئاخىردا ئىران ئۇرۇشى ھەققىدە مۇنداق ئىككى سىنارىيەمۇ مۇمكىن؛

1. ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيە ئىران ھاكىمىيتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ ۋە ھاكىمىيەتتە ئىسلاھات بولىدۇ. ھاكىمىيەت ھەربىي كۈچىنى ئۆزلىرى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.
2. ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيە ئىستىخبارات كۈچلىرى بىلەن ئىسلام ئىنقىلابى مۇھاپىزەتچىلەر قىسمىنىڭ مۇھىم شەخسلىرىنى يوق قىلىش ۋە سېتىۋېلىش ئارقىلىق بۇ قىسمىنى ئىچىدىن بىتچىت قىلىدۇ. رىزا پەھلەۋىنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىدۇ.

ئەمما بىرلىككە كەلگەن ئىران ياكى پارچىلانغان ئىران مەسىلىسىدە ئىسرائىلىيە ۋە ئامېرىكا بىر-بىرىدىن پەرقلىق پىلانلىرى بارلىقى مەلۇم. ئامېرىكا پارچىلانمىغان ئىراننى ئىستەيدۇ. چۈنكى ئىران شاھ دەۋرىدىكىدەك كۈچلۈك ئەمما دېموكراتىك ھالەتتە بولسا بۇ ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق سىياسىتىدە ئىسرائىلىيەگىلا تايىنىپ قېلىشىنى ئازلىتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، كۈچلۈك شىئە ئېتىقادىغا ۋە پارس مىللەتچىلىكىگە ئىگە ئىران رايوندىكى تۈركىيە، سەئۇدىي ئەرەبىستان، مىسىر ۋە پاكىستان قاتارلىق رايونلۇق چوڭ سۈننىي دۆلەتلەرنىڭ كۈچىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئىسرائىلىيە بولسا دەل پارچىلانمىغان، دېموكراتىك ۋە كۈچلۈك ئىراننىڭ ئامېرىكىنىڭ رايوندىكى مۇھىم ئىتتىپاقدىشى بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پارچىلانغان، ئاجىز ئىراننى ئىستەيدۇ. بۇنداق بولغاندا ئوتتۇرا شەرقنىڭ غوجىسى ئىسرائىلىيە بولىدۇ.

## ماقالىنىڭ ئۇلانمىسى:

https://orhunpolicycenter.com/uy/2026/03/01/iran_urushining_yene_bir_fronti__quruqluq_jengi/

ئۆتۈكەن سياسەت تەتقىقات مەركىزى
ÖTÜKEN POLICY CENTER

2026-يىلى 3-ئاينىڭ 1-كۈنى